# باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز بالام دەپ ئويلاپ ئېمىتىپ قويسا، بۇنىڭ بىلەن ئېمىلداشلىق بېكىتىلەمدۇ؟

أرضعت طفلاً تظنه ابنها فهل يثبت التحريم بالرضاعة

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

## باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز بالام دەپ ئويلاپ ئېمىتىپ قويسا، بۇنىڭ بىلەن ئېمىلداشلىق بېكىتىلەمدۇ؟

141208-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

هامامام (ياكى ئۆگەي ئانام) بىرقانچە يىل ئىلگىرى خوشنىمىزنىڭ بالىسىنى ئىككىلى تەرەپتىن تويغۇدەك ئېمىتىپ قويغان، ئۇ بالا تويۇپ كەچتىن تاڭ يورۇغىچە ئۇخلىدى (يەنى تولۇق تويغان). مېنىڭ سوئالىم: هامامام ئۇ بالىنى ئېمىتكەندە، ئۆز بالام دەپ ئويلاپ ئېمىتكەن، چۈنكى ئىككىلىسى تۆت ئايلىق بولغان بوۋاقلاردىن ئىدى، هامامام خاتا ئېمىتكەن، گۇۋاهچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇ بوۋاق ئون قېتىمدەك تويغۇدەك ئەمگەن، بۇ خاتالىق هېسابلىنامدۇ؟ مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن، چۈنكى ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇزۇلمەس دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھ تائالاغا خاستۇر.

ئايال كىشى ئىككى ياشقا توشمىغان بوۋاقنى بەش قېتىم تويغۇدەك ئېمىتىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئېمىلداشلىق بېكىتىلىنىدۇ، ئېمىتكۈچى ئايال مەزكۇر بوۋاقنىڭ ئانىسى هېسابلىنىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى بولسا ئۇ بوۋاقنىڭ ئېمىلداشلىق تەرەپتىن دادىسى هېسابلىنىدۇ. بۇ ئەر-ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلار ياكى ئۇلار بىلەن ئېمىلداشلىق تەرەپتىن تۇغقان بولغان بالىلار بۇ بوۋاقنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى هېسابلىنىدۇ.

ئېمىلداشلىقنى ئىسپاتلاشتا ئايالدىن ياكى بوۋاقتىن ئېمىلداشلىقنى هاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ ياكى بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. ئىسلام ئالىملىرى ئېمىلداشلىق هۆكمىنى بايان قىلغاندا، مۇشۇ هۆكۈمدىن ئىلىنىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايان قىلدى. ئەگەر ئېمىدىغان كىچىك بوۋاقتىن بىرسى ئۇخلاپ ياتقان چوڭ ئايالنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ، ئۇ ئايالنى ئېمىۋالغان بولسا بۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ ئېمىلداش

ئانىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىملىدەشلىك ھۆكمى بىكىتىلىنىدۇ. [ئەلمۇغنى 11-توم 333-بەت ۋە تۆھپەتۇل مۇھتاج 3-توم 492-بەت].

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن، ھامىمىڭىز ياكى ئۆگەي ئانىڭىز ئۇ بوۋاقنىڭ ئېمىتكەن ئانىسى ھېسابلىنىدۇ، دادىڭىز ئۇ بوۋاقنىڭ ئىملىداشلىق تەرەپتىن دادىسى ھېسابلىنىدۇ، سىز ۋە كىچىك ئۇكىڭىز بولسا ئۇ بوۋاقنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى ھېسابلىنىسىلەر.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.